# خوتۇن دېگەن شۇنداق بولسا

**(ھېكايە)**

**ئاپتورى: ئايىنسە قادىر**

ياڭغىن ئېلكىتابلىرى

ئېلكىتاب ئىشلىگۈچى: ياڭغىن ئېلكىتاب گۇرۇپپىسى

ئەسەر بىلەن تەمىنلىگۈچى: مۇھەممەد تۇرسۇن بوجەنى

# خوتۇن دېگەن شۇنداق بولسا

دەسلەپكى ئاپتوبۇسقا ئۆلگۈرەلمەي قېلىشتىن ئەنسىرەپ جىددىيلىشىپ كەتكەن ئوسمان ئاپتوبۇسقا چىقىپ سەل دېمىنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن، ئولتۇرغانلارغا بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ، يان تەرىپىگە شۇنداق قارىدى - دە، كۆڭلى ۋاللىدە يورۇپ كەتتى. ئۆزى بىلەن تەڭ قۇراملىق ئەللىك چىراي بىر چوكان ئۇنىڭغا قاراپ يېقىملىق كۈلۈپ قويدى.

— ياخشىمۇ سىز؟ — دېدى ئوسمان.

ئاڭغىچە ئاپتوبۇسنىڭ ئالدى تەرىپىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان تېلېۋىزور ھەرىكەتكە كېلىپ، ئامېرىكىنىڭ بىر كىنوسى قويۇلدى. گەرچە ئوسماننىڭ كۆزى تېلېۋىزوردا بولسىمۇ، ئەمما كاللىسىغا ھېچنېمە كىرمەيتتى. بەك ئوبدان بولدى، يولۇچىلارنىڭ ئىچىدە مۇشۇ چوكان خېلى چىرايلىقكەن، شۇنچىۋالا ئۇزۇن يولدا مۇشۇنداق ساھىبجاماللار بىلەن يانمۇيان ئولتۇرۇش نېمىدېگەن كۆڭۈللۈك - ھە؟ قەيەرلىك بولغىيتتى؟ كىچىككىنە بىر ناھىيەدىمۇ مەن تونۇمايدىغان مەزلۇملار باركەن دېسە. «يول ئازابى گۆر ئازابى» دېگىنى قايسى ئەخمەقنىڭ پەتىۋاسىكىنە، ئىشقىلىپ بۇ سەپەر مەن ئۈچۈن خەيرلىك بولىدىغاندەك تۇرىدۇ، يەنە بىر ئاز ۋاقىت ئۆتسۇنچۇ قېنى، تاغدىن - باغدىن گەپ قىلىپ، ئۈرۈمچىگە بارغۇچە كونا تونۇشلاردەك بولۇپ قالىمىز. ئۆزىمۇ بىر چىرايلىق سالام قىلدى، شۇنىڭدىن قارىغاندا ئۇ ئانچە بوينى قاتتىق مۇز چىرايلاردىن ئەمەسكەن، مەنمۇ بوش ئەرلەردىن ئەمەس، قايسى قازانلاردا قايناپ، نېمە ئىشلارنى كۆرمىگەن بىز... ئوسمان شۇلارنى ئويلاپ چوكانغا نېمە دەپ گەپ تاشلاشنى بىلەلمەي، خىيال قايناملىرىدا گاڭگىراپ مۈگدەك بېسىپ ئولتۇرغىنىدا، تۇيۇقسىز مۈرىسىگە بىر نەرسە تەگكەندەك بولدى. ئەسلىدە ئۇنىڭ يېنىدىكى چوكان ئۇخلاپ قالغان بولۇپ، بېشى ئۇنىڭ مۈرىسىگە سېيرىلىپ چۈشكەندى. ئوسماننىڭ خۇشاللىقتىن كۆزلىرى يۇمۇلۇپ كەتتى، ئۇ چوكاننى ئويغىتىۋەتمەسلىك ئۈچۈن ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ دېرىزىدىن چۈشكەن كۈن نۇرىدا پارقىراپ تۇرغان قوڭۇر رەڭلىك بۇدۇر چاچلىرى، سۈتتەك ئاپپاق يۈزلىرى، ھىلال ئايدەك قويۇق، ئەگمە قاشلىرى، تال - تال كىرپىكلىرى، جىنەستىدەك نېپىز لەۋلىرىنى بىمالال كۆزەتتى. چوكان دەرھال كۆزىنى ئېچىپ، ئۇپۇل - توپۇل ئۆزىنى تۈزەشتۈرۈپ، قەددىنى رۇسلاپ ئولتۇردى - دە:

— كەچۈرۈڭ، بايا ئۇخلاپ قالغاچقا ھېچنېمىنى سەزمەپتىمەن، — دېدى.

— ھېچقىسى يوق، بۇ قانچىلىك ئىشتى، — دېدى ئوسمان ۋە سورىدى، — ئەجەب يالغۇز سەپەرگە چىقىپسىزغۇ؟

— دوختۇرغا كۆرۈنەي دېگەن.

—— نېمە؟ سىز ھېچبىر كېسەلدەك ئەمەسقۇ؟ —— ھەيرانلىق بىلەن قايتىلاپ سورىدى ئوسمان.

—— سىزگە ئېيتىش تازا مۇۋاپىق ئەمەس. ئەڭ ياخشىسى سورىمايلا قويۇڭ.

—— نېمىشقا؟

—— بۇ گەپنى ئەرلەرگە دېيىش ئەپسىز. مىجەزىم يوق دېگەندىكىن بولدى ئەمەسمۇ؟ —— دېدى چوكان ئۇيالغاندەك كۆزلىرىنى ئەپقېچىپ.

—— مەنمۇ تويى قىلىپ بولغان ئادەم، شۇڭا خىجىل بولۇشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق. قېنى ئېيتىڭە، ياردىمىم تېگىپ قالامدۇ تېخى.

—— ئەسلى دېمەيدىغان گەپتى، ئادەمنى تەڭقىسلىقتا قويۇپ ئەجەب زورلاپ كەتتىڭىز، سىزگە ئېيتسام، مەن تويى قىلغىلى ئۈچ يىل بولغان بولسىمۇ تېخىچە باللىق بولالمىدىم، يولدىشىم ئىككىمىز ناھىيە ئىچىدىكى دوختۇرخانىلارغا كۆرۈنگەن بولساقمۇ ھېچبىر كېسەل بايقالمىدى. ئاخىر ئۈرۈمچىگە چىقىپ تەكشۈرتۈش قارارىغا كېلىپ قالدىم.

چوكان بۇ گەپلەرنى دەپ بولۇپ، خىجىل بولغاندەك لېۋىنى چىشلەپ قويدى.

—— يولدىشىڭىزچۇ؟

—— سىزنىمۇ تەكشۈرتۈپ باقايلى دېسەم، مەندە چاتاق يوق، ئۆزىڭىز بېرىڭ، دەپ قوشۇلمىدى.

—— شۇنداقتىمۇ بىرگە بېرىشى كېرەكقۇ!

—— ۋايجان، ئەجەب بىئارام بولۇپ كېتىۋاتىمەنغۇ، —— دېدى چوكان توساتتىن مەيدىسىگە يېنىك مۇشتلاپ.

—— نېمە بولدىڭىز؟ —— دېدى ئوسمان جىددىيلىشىپ.

—— كۆڭلۈم ئاينىپ كېتىۋاتىدۇ، گاھىدا ماشىنىغا چىقسام مۇشۇنداق بىئارام بولۇپ كېتىمەنغۇ - تاڭ، —— دېدى چوكان، ئاندىن سومكىسىدىن چىرايلىق قاتلانغان پۇراقلىق قەغەزنى چىقىرىپ، ئاغزىنى توسۇپ ئولتۇردى. ئاڭغىچە ئاپتوبۇس بىر كىچىك بازاردا توختاپ، يولۇچىلارنى سىيلىپ بولغۇچە بولغان ئارىلىقتا، ئوسمان چاققانلىق بىلەن يەرگە چۈشۈپ ئىككى قۇتا ئىچىملىك بىلەن بىر مۇنچە يېمەكلىك ئېلىپ چىقىپ، چوكاننىڭ ئېتىكىگە قويدى ۋە:

—— بىر نەرسە يېگەچ ماڭسىڭىز بىئارام بولمايسىز، —— دېدى.

—— ئاۋارە بولۇپ، نېمانچە كۆپ ئالغانسىز، —— دېدى چوكان تەبەسسۇم بىلەن.

—— ھە راست! تۇخۇمنىڭ ئىسسىقىدىن ئالغان، سوۋۇپ قالماستا يەۋېلىڭ، —— دېدى ئوسمان.

—— بولماسمىكىن!

— —نېمىشقا؟

— —پۇرىقى ئالدى ـ كەينىمىزدىكىلەرنى بىئارام قىلىپ قويارمىكىن.

— —نېمە چاتىقىمىز، ئۇلارنىڭ پۇلىغا ئالمىغاندىكىن.

— —ئامموۋى سورۇن ئەمەسمۇ، شۇڭا باشقىلارنى ھۆرمەتلىمىسەك بولمايدۇ، مۇنداق بولسۇن، تۇخۇمنى ئېلىپ قويۇپ كەچتە ياتىقىڭىزدا يېمەمسىز؟

— —مېنىڭ ياتاقتا ياتىدىغىنىمنى قانداق بىلىسىز؟ — — دېدى ئوسمان.

— —ئۆزۈمچە دەپ قويدۇم، ئۆيىڭىز بارمىدى ـ يا؟

— —ياق، راستلا ياتاقتا چۈشمەن، سىزچۇ؟

— —مەن تۇغقانلارنىڭ ئۆيىگە كەتمەكچى.

— —ئەستا، ئىككىمىز بىر مېھمانخانىغا چۈشكەن بولساق قانداق ياخشى بولاتتى ـ ھە؟

— —ياخشى بولغۇدەك نېمىسى بار؟

— —بايىقى تۇخۇملارنى بىللە ئولتۇرۇپ يەۋەتمەمدۇق، ئۇ ئەسلىدىمۇ سىزنىڭ نېسىۋىڭىز ئىدى.

— —مۇشۇ نەچچە تال تۇخۇم بىلەن مېھمان قىلامسىز؟

— —چاقچاق، ئەگەر سىزلا خالىسىڭىز بىرەر رېستوراننى كۆتۈرە ئالغۇچىلىكىم بار جۇمۇ، قانداق، سىناپ باققۇڭىز بارمۇ؟

— —بولمايدۇ، مەن ئەزەلدىن ياتاقتا يېتىپ باقمىغان، دوستلىرىمنىڭ ئۆيىدىمۇ قونۇپ باققان ئەمەسمەن. چوڭلار كىچىكىمدىنلا بەك چىڭ تۇتقاچقا ئۆزۈممۇ ئۆگىنىپ قاپتىمەن...

ئاپتوبۇستىكىلەرنىڭ بەزىلىرى ئۇيقۇغا كەتكەن، يەنە بەزىلىرى مۈگدەپ باسقان كۆزلىرىنى يۇمۇپ خىيال قايناملىرىغا غەرق بولغان، يەنە بەزىلىرى كۆرگۈسى كەلمىسىمۇ تېلېۋىزورغا قاراپ ئولتۇرغان بولۇپ، پەقەت ئوسمانلا ناھايىتى سەگەك ھەم خۇشال ئىدى. ئاپتوبۇس گاھى يېشىل بوستانلىق مەھەللىلەردىن، گاھى ئادەمسىز چۆللەردىن، كۆجۇم ـ كۆجۇم مەھەللىلەردىن ئۆتۈپ، ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى.

تۆت سائەت ئوسمان ئۈچۈن تۆت مىنۇتتەكلا ئۆتۈپ كەتتى. ئۇلار بىر ـ بىرىگە قىيالمىغان ھالدا ئايرىلىشتى.

— —ھەي، ئىسمىڭىز نېمە؟ — — سورىدى ئوسمان يىراقلاپ كېتىۋاتقان چوكاننىڭ كەينىدىن توۋلاپ .

— —مېھرىبان.

نېمىدېگەن چىرايلىق ئىسىم، خۇددى »ئالتۇن ئۆزۈككە، ياقۇت كۆز« دېگەندەك، ئىسمى ئۆزىگە خويمۇ ياراشقانىكەن. مېھرىبان تاكسى بىلەن دوستى تېلېفوندا ئېيتىپ بەرگەن رېستورانغا بىردەمدىلا يېتىپ كەلدى.

ــــ جېنىم دو ستۇم، ئامانمۇ سىز؟ يولدا جاپا چەكمىگەنسىز؟ ــــ دېدى دو ستى زەمىرە قىزغىنلىق بىلەن ئۇنى قۇچاغلاپ.

ــــ ياقەي، نېمىگە جاپا چېكەتتىم، يولبويى مېھمان بولۇپ دەڭا.

ــــ بوش قىزلاردىن ئەمەس جۇمۇ بىزنىڭ مېھرىبان، ئېيتىڭە، قانداقراق بىرىكەن؟

ــــ خېلى مەرد، قولى ئوچۇق بولۇپلا قالماي ئۆزىمۇ قاملاشقانىكەن، يۈرىكىنىڭ بىر پارچىسى مەن بىلەن كەتتىغۇ دەيمەن، ھى... ھى...

ــــ ۋاي بىچارە، تورغا ئىلىنىپ بوپتۇ ـ دە؟!

ــــ شۇنداق بولمايچۇ، قاراپ تۇرۇڭ، ئەتە تېلېفون قىلىپ ساراڭ بولۇپ كەتمىسە مانا مەن. ھە راست، باشقىلار يېتىپ كەلمەپتىغۇ؟

ــــ سەلىمجان سەل كېچىكىپ قالىدىغان ئوخشايدۇ، ئالىمنىڭ كېلىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالدى. بويىنىڭىزدىكىسى ئۆتكەندە ئالىم سوۋغا قىلغان زەنجىر شۇمۇ؟

ــــ ھەئە، ئۇنى خۇش بولۇپ قالسۇن دەپ ئاتايىن تاقاپ چىقتىم دەڭە.

ئىشىكنىڭ چېكىلىشى بىلەن ئۇلارنىڭ سۆھبىتى ئۈزۈلدى.

* * *

دېگەندەك، ئەتىسى سائەت 9:00 بولا ـ بولمايلا مېھرىباننىڭ تېلېفونى سايراشقا باشلىدى.

ــــ مانا دېمىدىممۇ، ئو سىماندىن كەپتۇ، ــــ دېدى مېھرىبان دو ستىغا قاراپ، ئاندىن ئۇنى شۇك تۇرۇ شقا شەرەتلەپ، تېلېفوننى ئالدى:

ــــ ۋەي، ياخشىمۇسىز؟ مەنما، تېخى دوختۇرخانىدا، ئەشلىرىم چۈشتىن كېيىن ئاخىرلىشىدىغاندەك تۇرىدۇ، بولىدۇ، شۇنداق بولسۇن.

ــــ يوتقاندىن چىقماي تۇرۇپ مەن دوختۇرخانىدا دەپ كەتكىنىنى، ئاۋازىنىمۇ را ست كېسەللەردەك چىقىرىپ، ــــ دېدى زەمىرە تۇمشۇقىنى پۈرۈشتۈرۈپ.

ــــ كېچىچە ئەرلەر بىلەن ئولتۇرۇپ ئىچىشكىنىمىزنى دېسەم بولامتى ئەمىسە؟ مەنچۇ، ئۇنىڭغا دوختۇرغا كۆرۈنگىلى چىقتىم دېگەن.

ــــ نېمە دەپ تېلېفون قىپتۇ؟

ــــ تاماققا تەكلىپ قىپتىكەن، كەچقۇرۇنغا توغرىلاپ قويدۇم.

ــــ ئېرىڭىزگە تېخىچىلا...

— ئۇنىڭ گېپىنى قىلماڭ، ئەر بولغاندىكىن گەپ دېگەننى ئۆتكۈدەك دەپ، ئىشنىمۇ غاچ - غاچ قىلمامدۇ، نېمە دېسىڭىز ماقۇللا دېگەن. كاللىسى يوق، مەن بىر پارچە ئاق قەغەزنى بۇ قەغەز قارا ئىكەن دېسەم، ئۇ ھېچ ئىككىلەنمەي شۇنداق، بۇ قاغىدەك قارا ئىكەن دەيدۇ. ئادەم دېگەندە ئېنىق مەيدان، كۆز قاراش، نىشان بولمامدۇ. بۇ ئالىم بىلەنمىغۇ ئىش باشقا چىقمايدۇ، پەقەت مۇشۇنداق ئاندا - ساندا ئىزدىشىپ كۆڭۈل خۇشى قىلىشقىلا بولىدۇ، ئەگەر بىز تەرەپتىن كۆڭلۈمگە ياقىدىغان بىرى چىقىپ قالسا، راستتىنلا ئاجرىشىپ كېتىمەن. زادى چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى، يا سىزنىڭ ھېسسىياتىڭىز بىلەن ھېسابلا شمايدۇ. ياش بولغاندىكىن گاھىدا ئۇنى - بۇنى دەپ ئەركىلەپ، يېقىنچىلىق قىلسىڭىزمۇ، جىم تۇرۇڭە، مەن تېلېۋىزور كۆرۈۋاتىمەن، دەپ قىزغىنلىقىڭىزغا سوغۇق سۇ سەپكەن، خۇددى مۇردىدەك سوغۇق، ئىككى مۈڭگۈزىنىڭ يوقلۇقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا تۇرغان - پۈتكىنى بەئەينى بىر كالا، شۇنداق رايىم يېنىپ كەتتى.

— ناۋادا بىرەرىنى ياقتۇرۇپ قالسىڭىز، ئۇنىڭ ئايالى، باللىرى بولسىچۇ؟

— پەرۋايىم پەلەك.

— ھازىر ئايرىلىشىۋاتقان بىرەرى بارمۇ؟

— مەن ياراتقۇدەك ئادەمنى تېخى ئۇچراتمىدىم، ھازىر قىزلارنىمۇ يانچۇقىدىن پۇل چىقىرىپ، ئوغۇللارنىڭ يانچۇقىدىن تاغاق چىقىدىغان بوپكەتتى، ئەرلەر خوتۇنلاردىن ئۆتە غەيۋەتخور، سىز بىلەن ماۋۇ سورۇندا ئولتۇرۇپ تاماق يېگەن بولسا، يەنە بىر سورۇنغا يۆتكىلىپلا چۆچەكىڭىزنى چۆرۈيدىكەن، شۇڭا ئۇدۇل كەلگەن نېمىلەرگە ئۆزۈمنى زايە قىلغۇم يوق. ئۆزىمىڭ ئۈستىگە كىچىمىك يەر ئەمەسمۇ، بىر ئىش قىلدىم دېگۈچە خەلقئالەمگە پۇر كېتىدۇ، ئېرىممۇ مەندىن ئەنسىرىمەيدۇ، ئۇنىڭغا بالا يۈزى كۆرۈشكە ئالدىراۋاتىمەن، دوختۇرغا كۆرۈنىمەن، داۋالىنىمەن دېگەندەك باھانىلەرنى كۆرسىتىپ، ئايدا بىرەر قېتىم ئۈرۈمچىگە كېلىپ قانغۇدەك ئويناپ كېتىمەن. ھەر چىققىنىمدا ئالىمجانمۇ قۇرۇق يولغا سالمايدۇ، بىر تاكسىچى بالا بىلەنمۇ ئانچە - مۇنچە ئايرىلىشىپ قويىمەن، ئۇنداقلارمۇ ئەسقېتىپ قالىدىكەن، ئۇ باشقا يېزىدىن بولغاچقا بىر كىمنىڭ بىلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ كەتمەيمەن. ئۇمۇ ھەر ئايدا قىزىل تىزىدىن بەش ۋاراقنى ئۇن - تىنسىز يانچۇقۇمغا سېلىپ قويىدۇ، ئۆزىڭىزمۇ بىلسىز، مېنىڭ پۇلدىن قىينىچىلىقىم يوق، شۇنداقتىمۇ پۇل ئادەمگە ئارتۇقلۇق قىلمايدۇ - دە، قاچانلا يېرىسىڭىز بولىدىغان »پەششىق نان« ئۇ، شۇڭا بانكىغا سېلىپ قويۇۋاتىمەن. قەتئىي نىيەتكە كەلدىم، مەن رازى بولغۇدەك بىرەرى ئۇچراپلا قالسا ھېچبىر ئىككىلەنمەي ئېرىمنىڭ خېتىنى بېرىۋېتىمەن. ئۇ ئاشۇ موتوسىكلىت دۇكىنىنى خوتۇن قىلىپ ئولتۇرۇۋالسۇن.

— پۇل ھەرقانچە كۆپ بولسىمۇ، كۆڭۈل دېگەن ئايرىم نەرسىدە، نۇرغۇن ئەرلەر خوتۇنلىرىنى يەيدىغىنى، كىيىدىغىنى تەل، يەنە نېمە غېمى بولاتتى دەپ ئۆلارنىڭ ھېسسىياتىغا سەل قاراپ، روھىي جەھەتتىكى ئايرىلىقنى يىراقلاشتۇرۇپ قويىدىكەن.

— توغرا، ئاياللار بازاردىكى قونچاق بولمىسا، ياساپ قويسىلا قېتىپ تۇرۇۋېرىدىغان، ئويلاپ كۆرسەم تۇنۇگۇن تونۇشۇپ قالغان ئوسمان خېلى بولىدىكەن، بويلىرى ئېگىز، كۆزلىرى ئادەمنى ئەيمەندۈرگىدەك نۇرلۇق، گەپلىرىمۇ ئادەمنىڭ كۆڭلىگە يېقىشلىق. ئۇنى ياقتۇرۇپ قالدىم، شۇڭا گاھى يېقىنلىشىپ، گاھى يىراقلىشىپ

تىت - تىت قىلىپ، قىيناپ، قولۇمنىڭ ئۇچىنى تۇتقۇزماي، بىر مەزگىل قاراپ باقاي، ئەگەر ئۇمۇ مېنى ياخشى كۆرۈپلا قالسا ھەرگىز قولدىن چىقارمايمەن.

مېھرىبان دوستى زەمىرە ۋە ئاخشامقى ئالىم، سەلىمجانلار بىلەن بىللە تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن ئۆلاردىن ئايرىلىپ بىر - ئىككى سائەتتەك بازار چۆرگىلەپ، كەچقۇرۇن بولغاندا كۆڭۈل قويۇپ گىرىم قىلدى - دە، ئوسمان بىلەن كۆرۈشكىلى ماڭدى.

— —ئەھۋالىڭىز قانداقراق؟ دوختۇر نېمە دەيدۇ؟ — — دېدى ئوسمان مېھرىباننى كۆرۈپ.

— —مەندىغۇ چاتاق يوقكەن، قارىغاندا يولدىشىم... — — مېھرىبان گېپىنىڭ ئاخىرىنى چىقىرالماي قول ياغلىق بىلەن كۆزلىرىنى سۈرتتى، — — ئاندىن گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — — »باللىق ئۆي بازار، بالىسىز ئۆي مازار« دەپ، بالا بولمىغان ئۆينى مۇكەممەل ئۆي دېگىلى بولاتتىمۇ؟ بالىغا ئامراقلىقىمنى بىر دېمەڭ، دائىم قولۇم - قوشنىلارنىڭ باللىرىنى ئوينىتىپ، نەرسە - كېرەك ئېلىپ بېرىپ كۆڭلۈمنى خۇش قىلىمەن، بالام بولغان بولسىمۇ باشقا ئىشلارنىڭ دەردى بىلىنمەسمىدىكىن.

— —كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ، ئۇ ئادا شمۇ ئا سمانغا قاراپ يۇرگۇچە ئامالىنى قىلمامدۇ؟ ئۆزىڭىزمۇ تېخى ياش بولغاندىكىن يەنە بىر مەزگىل قاراپ بېقىڭ.

ئوسمان مېھرىباننى ساقلىغاچ ئانچە - مۇنچە ئىچكەچ ئولتارغاچقىمۇ گەپ - سۆزىدە ئۇنچە ئېھتىيات قىلىپ كەتمىدى.

— —ئېرىڭىزنى ياخشى كۆرەمسىز؟ — — دەپ ئۇدۇللا سورىدى ئۇ.

— —نېمە دېسەم بولار، ئەقلىمنى تېپىپ بىرەرى بىلەن مۇھەببەت باغلىغۇدەك بولغۇچە چوڭلار، قىز بالا سۇپۇرگە بىلەن ئۇرسا يىقىلمىغۇدەك بولسىلا ئەرگە بەرمەك لازىم، دەپ ئۇنىمىغىنىمغا قارىماي تويۇمنى قىلىۋەتتى.

— —سىزمۇ بىرەر كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنامسىز؟

— —يولدىشىمغۇ مېنى ئىقتىسادتىن قىسىپ قويمايدۇ، بىراق ئۆزۈم كۇنبويى ئۆيدە بىكار ئولتۇرۇشنى ياخشى كۆرمەيمەن. »بىكار يۇرگىچە، بىكارغا ئىشلە« دەپ، بىر دوستۇمنىڭ كىيىم تىكىش دۇكىنىغا ياردەملىشىمەن.

— —يولدىشىڭىز نېمە ئىش قىلىدۇ؟

— —موتوسىكلىت سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئىقتىسادىي ئەھۋالىغۇ ياخشى، بىراق ھېچبىر مۇھەببەت ئاساسىمىز بولمىغاچقا تا ھازىرغىچە كۆڭلۈمنى تەلتۆكۈس بېرەلمىدىم. خۇددى »ماموق ياستۇق، كىمخاپ كۆرپە، تاۋار يوتقاندا قىينالدى بۇ جان. قىرلار ياستۇق، ئېتىزلار كۆرپە، ئاسمان يوتقان، راھەتتە بۇ جان« دېگەندەك، پۇلى كۆپ بولمىسىمۇ ئۆزۈم چىن دىلىمدىن ياخشى كۆرگەن ئادەم بىلەن ئۆتكەن بولسام، ھەرقانچە رىيازەت چەكسەممۇ ۋايسىمايتتىم. مۇھەببەت، ياخشى كۆرۈش دېگەنلەر كۆڭۈلنىڭ، ئۆمۈرنىڭ ئوزۇقى ئەمەسمۇ، بىراق مەن ئەزەلدىن ئۇنداق بەختكە ئېرىشىپ باقمىدىم، — — دېدى چوكان، ئاندىن، — — تازىلىق ئۆيىگە كىرىپ چىقاي، — — دەپ ئورنىدىن تۇردى.

ئوســـمان ئۇنىڭ كەينىدىن قارىغىنىچە يەنە خىيالغا پاتتى. توۋا، بۇ چوكان بۇرۇن نەدە قالغان بولغىيتتى؟ كاســاپەت، چىراي ـ شــەكلى، ياســنىشــى ھەتتاكى بەدىنىدىن تاراۋاتقان ئەتىرگىچە مېنىڭ خىيالىمدىكى مەھبۇبىنىڭ نەق ئۆزى ئىكەن. ئاۋازى، ئالدىرىماي دانىمۇ دانە سۆزلە شلىرىچۇ تېخى. خوتۇن دېگەن مۇ شۇنداق بولامدۇ، مېنىڭ خوتۇنۇمنىڭ تۇرقى بىر كۆتەك، يا ياســنىشــنى بىلمىگەن، قىلغان گىرىملىرىمۇ دىتىمغا پەقەتلا ياقمايدۇ، ۋاتىلداقلىقىچۇ تېخى، تولا ســۆزلەپ قۇلاق ـ مېڭىنى يەپ تۇرغان. جاھاندىكى تەرەققىيات، ئىسلاھاتنىڭ تېزلىكىگە ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمىگۇدەك بولۇپ كەتتى ـ يۇ، نىكاھ ئىشلىرى ئىسلاھ قىلىنمىدى، ئېســمنى بىلســەملا بىر ئەر بىر خوتۇنلۇق بولۇش دېگەن قانۇن بار ئىكەنتۇق. تېخىچىلا ئۆزگىرەي دېمەيدۇ، نىكاھ قانۇننى ئايالالار تۈزگەنمىكىن؟ بىر ئەر بىرلا خوتۇنلۇق بولۇش دېگەن ماددىنى، بىر ئەر بىر خوتۇن بىلەن ئەڭ كۆپ بولغاندىمۇ ئون يىللا ئۆي تۇتۇش، قۇربى يەتســە قانچىلا خوتۇن ئالســا بولىۋېرىدۇ دەپ ئۆزگەرتســە بولامدۇ دەيمەن، ھەي...ي... ئۆيدىكى كۆرۈمسىز خوتۇننى قانداقلارچە ئېلىپ قالغاندىمەن، ئىسىت، ماۋۇ مېھرىبان بىلەن ئىككىسى ئالمىشىپ قالسىچۇ كاشكى... ئۇ شۇلارنى ئويلاپ تۇرغاندا:

ـــ ھەي، ئوسمانجان، نېمە خىيالغا چۆكۈپ كەتتىڭىز؟ ـــ دەپ ئۇنى نوقۇدى مېھرىبان.

ـــ سىزنى كېلىپ بولالمايدىغۇ دەپ...

گەرچە ئۇلار تونۇشقىلى ئىككى كۈن بولغان بولسىمۇ، ئەمما خۇددى كونا دوستلاردەك چىقىشىپ قالدى، ئوسمان چوكاننىڭ گەپلىرىنى تاڭ ئاتقۇچە ئاڭلاشنى خالايتتى.

ـــ مېھرىبان، تونۇشۇپ قالغانلىقىمىزنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن سىزمۇ ئازراق ئىچسىڭىز بولاتتى، ـــ دېدى ئۇ.

ـــ ۋېيەي، نېمە دەيدىغانسىز، ئايالالار ھاراق ئىچكەن نەدە بار؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە بىز تېخى تونۇشقىنىلا تونۇشقا ن تۇرساق، سىزگە باشقىچە تەسىر بېرىپ قويىدۇمۇ ـ يا؟

ـــ ياقەي، نېملەرنى ئويلاپ كەتتىڭىز، قالدۇرغان تەســىرىڭىز بەك ياخشــى بولغاچقا چۈشــنىشــنى چوڭقۇرلاشتۇرايلى دەپ...

ـــ مۇ شۇنداق چىرايلىق گەپلەر بىلەن مېنى ئەخمەق قىلىپ، يامان يولغا باشلىماقچىمۇ سىز؟ مەن ئەزەلدىن ئۇنداق نەرسىلەرگە يېقىن يولاپ باقمىغان جۇمۇ.

ـــ بۇرۇن يولىمىغان بولسىڭىز ئەمدى سىناپ كۆرمەمسىز؟! مەنمۇ سىزنى ئاق ھاراق ئىچىشكە زورلىمايمەن، پىۋا ئىچىپ بېقىڭ، بولامدۇ؟

ـــ مەست بولۇپ قالسام قانداق قىلىمەن؟

ـــ پىۋا مەســت قىلمايدۇ، ھاراق دېگەن ياخشــى نەرســە، كۆڭۈل ئاغرىقىنىڭ دورىســى، بىرەر قېتىم مەســت بولۇپ قالســىڭىزمۇ ھېچقىســى يوق، يا بىزنى بۇ يەردە بىركىم تونۇمســـا. ئاۋۋال بىر ئىچىپ بېقىڭە، خاپىلىقلىرىڭىزنى ئاللىقاياقلارغا ئۇچۇرۇۋېتىدۇ.

ـــ ئاچچىقتۇ؟ ـــ دېدى مېھرىبان نازلىنىپ.

ــ ــ ئا... ي... تاتلىق بولسا كىم ئىچىدۇ بۇنى، ئاچچىق بولغاچقا پۇلغا ئېلىپ ئىچىمىز ئەمەسمۇ، ــ ــ دېگىنىچە بىر رومكا پىۋىنى مېھرىبانغا زورلاپ تۇتقۇزدى ئوسمان.

ــ ــ نېمانچە سېسىق پۇرايدۇ، ــ ــ دېدى مېھرىبان پىۋىنى بۇرنىغا ئەكېلىپ، ــ ــ مەن ئىچەلمىگۈدەكمەن، ئۆزىڭىز ئىچىڭ.

ــ ــ ئۇنى پۇراپ نېمە قىلاتتىڭىز، ماڭا قاراڭ، سىزگە قانداق ئىچىشنى ئۆگىتىپ قوياي ـ ھە؟ ئاۋۋال رومكىنى قولغا ئالىمىز، ئاندىن مانا مۇنداق ئىچىۋېتىمىز، ــ ــ ئوسمان چۇشەندۇرگەچ بىر قېتىم ئۆلگە كۆرسەتتى.

ــ ــ مېنى بۇنداق نەرسىلەرنى ئىچەلىشكە زورلىماڭ، سەل تۇرۇپ تۇغقانلارنىڭ ئۆيىگە كېتىدىغان گەپ، مەست بوپقالسام ئۇيات ئەمەسمۇ؟ مەن تېخى يېرىم سائەتلا ئولتۇرۇپ قايتىپ كېتەرمەن دېگەنتىم.

ــ ــ بەكلا خاتا ئويلاپسىز، نەدە ئۇنداق چاققان كېتىدىغان ئىش بار. سىزنى تۇغقىنىڭىزنىڭ ئۆيىگە ئۆزۈم ئاپىرىپ قويىمەن، شۇڭا خاتىرجەم ئولتۇرۇڭە.

ــ ــ مېنى ھاراققا زورلاپ باشقا مەقسىتىڭىز يوقتۇ؟ ئەنسىرەپ قېلىۋاتىمەن جۇمۇ.

ــ ــ خاتىرجەم بولۇڭ، بىر تال چېچىڭىزغىمۇ تەگمەيمەن. ئەمدىغۇ بولغاندۇ، نېمانچە قىلىدىغانسىز، ھازىر ھەممە ئاياللار دېگۈدەك ئىچىدىغان بوپكەتتى. بولۇڭە، كۆپ ئەمەس، بىر قېتىملا ئىچىپ بېقىڭ. ياخشى، ئەمدى بولدى، پۇردىماڭ، پۇردىمايلا ئىچىۋېتىڭ، ھەببەللى، مانا چاي، چاققان ئىچىۋېلىڭ، ماۋۇ قورۇمىلاردىن ئېلىڭە، قانداقراق، بىئارام بولمىغانسىز؟

ــ ــ نېمىشقا بىئارام بولمىغۇدەكمەن؟ ئەرلەر نېمانچە ئەخمەقتۇ دەيمەن، مۇشۇنداق بەتبۇي، ئاچچىق بىر نېمىنى كېچە ـ كېچىلەپ ئۆلگۈدەك ئىچىشىپ كەتكەن.

ــ ــ شۇنداق، بىز ئەخمەق، بىز ئەخمەق قانداق، ئەمدى ماڭا بىر قەدەھ تۇتارسىز، سىزگە تۇنجى رومكا پىۋىنى ئىچۈرۈش ماڭا ئاسانغا چۈشمىدى. شۇنىڭ ھەققى بوپقالسۇن، قېنى، ماڭا بىر قەدەھ تۇتۇڭ، ساقلاپ كەتتىم... ئەمدى كونا تونۇشلاردىن بولۇپ قالغانلىقىمىزنى تەبرىكلەپ قوللىرىمىزنى گىرەلەشتۈرۈپ ئىچىپ باقايلىمۇ؟

ــ ــ ئەجەب گېپىڭىز تولا ئىكەن، ھېلى ئۇنى، ھېلى بۇنى دەپ جىق ئىچۈرۈۋەتتىڭىزغۇ، بېشىم قايغاندەك بولۇۋاتىدۇ.

مېھرىبان قولى بىلەن ئېڭىكىنى تىرەپ ئوسمانغا قاراپ ئولتۇراتتى، ئۇنىڭ كەيپتىن قىزارغان كۆزى سېھىرلىك ئۇچقۇنلارنى چاقنىتىپ، ئۆزىگە تەلمۈرۈپ تۇرغان ئوسماننىڭ يۈرىكىگە ئوت يېقىۋەتتى، ئوسمانمۇ ئۇنىڭدىن كۆزلىرىنى ئۈزەلمەيلا قالدى.

ئۇلار مۇلازىم كىرىپ، ئەتىستىن چۈشۈش ۋاق ــ تى بولغانلىقىنى ئېيتقاندىلا ئامالسىز ئورۇنلىرىدىن قوزغالدى. بۇ چاغدا ۋاقىت خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالغان بولۇپ، مېھرىبانمۇ ئۇبدانلا تەڭشىلىپ قالغاچقا تۇغقىنىنىڭ ئۆيىگە

ئاپىرىپ قويۇش تازا مۇۋاپىق ئەمەس ئىدى، شۇڭا ئوسمان ئۇنى ئۆزى چۈشكەن مېھمانخانىغا ئېلىپ كەلدى. ئالللىقاچان يېتىپ قالغان ياتاقداشلىرىنىڭ بىر ئايال كىشىنى يۆلەپ كىرگەن ئوسمانغا قاتتىق ئاچچىقى كەلدى ـ دە:

—— ھوي ئاغىنە، ئادەمدەك ئىش قىلايلى، بۇ يەرنى نېمە دەپ ئويلاپ قالدۇق؟ —— دەپ كوتۇلداپلا كەتتى.

—— ئۇقۇشماسلىق بولمىسۇن، پەقەت بىللە مېھمان بولۇشقان شۇ، مېنىڭمۇ باشقا مەقسىتىم يوقتى، ئويلىمىغان يەردىن بۇ چوكان مەست بولۇپ قالدى، نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەي بۇ يەرگە ئېلىپ كەلدىم. قىزنىقچىلىقتا شۇنداق بوپقالدى ـ دە، ئەمدى قانداق قىلساق بولار؟ —— دېدى ئوسمان ئوڭايسىزلىنىپ.

ئىككىيلەن ھېچنېمىدىن غېمى يوق بەھۇزۇر ئۇخلاۋاتقان مېھرىبانغا قاراپ بىر ھازا ئولتۇرغاندىن كېيىن ھېلىقى ياتاقدىشى:

—— مۇشۇ تۇرقىدا ئۇنى تارتىشتۇرۇپ باشقا ياتاققا يۆتكەيمىز دەپ يۈرسەك بىزگىمۇ ئەپسىز، ئۇنداق بولمىغاندىمۇ تىنچ ئۇيقۇسىنى ئۇخلىماي، يېرىم كېچىدە ئويغىنىپ كېتىپ باشقىلارنى ئاۋارە قىلسا قانداق قىلىمىز؟ ئۇنىڭدىن كۆرە مەنلا باشقا ياتاققا چىقىپ كېتەي، —— دېدى.

—— ئاغىنە، سەت بولدى، سىزنى ئۇخلاتماي، مەن رەسمىيىتىڭىزنى قايتىدىن بېجىرىپ بېرەي.

—— بولدى، ئاۋارە بولماڭ.

—— ئۇنداق دېمەڭ، مۇشۇ كەچتە سىزنى ئاۋارە قىلغىنىممۇ يېتەر.

ئوسمان ياتاقداشنى باشقا بىر ياتاققا ئورۇنلاشتۇرۇپ بولۇپ، قايتىپ كىرىپ بىرئاز دېمىنى ئالغاندىن كېيىن، ئۆزىنى ئەسىر قىلىۋالغان مېھرىباننىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ چاچلىرىنى ئاستا سىلىۋېدى، ئېپادىلەپ بەرگۈسىز بىر خىل تاتلىق سېزىم ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سېلىۋەتتى. ئۇ مەست بولغاچقا قېنى قىزىپ تۇرسىمۇ، ئەمما، توختا ئوسمان، ئۆزۈڭنى تۇتۇۋال، مېھرىبان گەرچە توي قىلىپ بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئىنتايىن پاك ھەم بىغۇبار ئىكەن، بۇنداق ئايالالرنى ھۆرمەتلەش كېرەك. يەنە كېلىپ خوتۇن كىشى دېگەن سەن كۆرۈپ باقمىغان نەرسە ئەمەسقۇ، ئۇنىڭ دىلىغا ئازار بەرمە، دەپ ئۆز ـ ئۆزىگە تەسەللى بېرىپ قاچانلاردا ئۇخلاپ قالغانلىقىنىمۇ سەزمىدى.

ئوسمان ئەتىسى ئويغىنىپ ئەتراپقا ئالدىراپ قارىدى، بىراق مېھرىبان كۆرۈنمەيتتى. ئۇ بۇ چۈشۈم ئەمەستۇ، ئاخشام ئۇنى قوندۇرۇپ قالغىنىم شۇنداق ئېنىق ئېسىمدە تۇرسا، ئەستا، قەيەرگە كەتكەندۇ ئەمدى؟ مەندىن خاپا بولۇپ قالمىغاندۇ؟ سىرتقا چىقىپ كەتكەن بولسا ھېلى كىرىپ قالارمۇ؟ دېگەندەك خىياللار بىلەن بىرەر سائەتنى ئۆتكۈزۈۋەتتى. ئاخىر مېھرىباننىڭ راستىنلا كېتىپ قالغانلىقىنى جەزملەشتۈرگەندىن كېيىن قورقۇمسىراپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا تېلېفون قىلدى. بىراق تېلېفون ئېتىك ئىدى. ئاپلا، ئۇ راستتىنلا مەندىن خاپا بولۇپ قاپتۇ. نېمىشقىمۇ پېۋا ئىچىشكە زورلىغان بولغىيتتىم.

قاق سەھەردە ئىشىكنىڭ چېكىلىشىدىن چۆچۈپ كەتكەن زەمىرە:

ـــ كىم؟ ـــ دېدى ئۇيقۇلۇق كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىغىنىچە.

ـــ مەن، ئىشىكنى ئېچىڭ.

مېھرىباننىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن زەمىرە ئالدىراپ ئىشىكنى ئېچىپ:

ـــ نېمە، كېچىچە سىرتتا تۈنىمگەنسىز؟ ـــ دېدى ھەيرانلىق بىلەن.

ـــ جېنىم دوستۇم، ئوسمانغا تەگكىنىم تەگكەن، ـــ دېدى مېھرىبان ئۆزىنىڭ خۇشاللىقىنى پەقەتلا يوشۇرالماي، دوستى ئۇنىڭغا سوئال نەزىرىدە تىكىلدى.

ـــ قاراڭ، ئاخشام مەنمۇ ئۇيدانلا تەڭشىلىپ قالغان، شۇنداقتىمۇ كالالامنى ناھايىتى سەگەك تۇتۇپ، مەست بولۇپ قالغان قىياپەتكە كىرىۋېلىپ ئۇنىڭ ياتىقىغا كەتكەن ھەم يالغاندىن ئۇخلىغان بولۇۋالغان ئىدىم. ئۇنى قانداق قىلاركىن دېسەم، قارىماسىز، ئۇ ئۆزىنى قانداق تۇتۇشنى بىلىدىكەن، ئا سانلىقچە كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرمەيدىكەن، مەن سەھەردە ئويغىنىپلا ئۇنىڭغا سەزدۇرمەستىن ئاستاغىنە قېچىپ چىقتىم ـ دە، تېلېفونىنىمۇ ئېتىۋەتتىم. پەرىزىم خاتا بولمىسا، ھازىرنىڭ ئۆزىدە ئۇ چوقۇم مېنىڭ دېرىكىمنى ئالالماي تىت ـ تىت بولۇپ كەتتى. ئىشىنىمەنكى، ئۇمۇ مېنى چىن دىلىدىن ياخشى كۆرۈپ قالدى، ئەگەر قايتىپ بارغاندىن كېيىن ئۇ مېنى ئىزدىسىلا ئىش پۈتتى دېگەن گەپ.

ـــ مېنىمۇ تونۇشتۇرۇپ قويسىڭىز بوپتىكەن، ـــ دېدى زەمىرە قىزىقسىنىپ.

ـــ ئۇ كۆنلەرمۇ كېلىدۇ، ئاۋۋال ئىش ۋۇجۇدقا چىقسۇن.

* * *

ئۆرۈمچىدىكى ئىشلىرىنى تۈگىتىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئوسماننىڭ ئەس ـ يادى مېھرىباندا قالدى، گەرچە ئۇنىڭ ئېرى بارلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، لېكىن ۋۇجۇدىدىكى بىر خىل قارامىلىق ئۇنى مېھرىباننى ئىزدەشكە دەۋەت قىلاتتى. شۇڭا ئۇ ئۆزى مۇۋاپىق دەپ قارىغان ۋاقىتتا ئۇنىڭغا تېلېفون قىلدى.

ـــ ۋەي، ياخشىمۇسىز؟

ـــ بۇ مەن، ئۇنتۇپ قالمىغانسىز.

ـــ ياقەي، سىزنى قانداقمۇ ئۇنتۇپ قالغىلى بولسۇن، ۋۇ ھىيلىگەر، ـــ دېدى مېھرىبان.

ـــ ياق، ياق، مېنى ئۇنداق دېسىڭىز ئۇۋال بولۇپ كېتىدۇ، سىز بىلەن كۆرۈشكۈم بار ئىدى.

ـــ يەنە مەست قىلاي دەمسىز؟

ـــ ئەزبىرايى خۇدا، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، پەقەت سىز بىلەن بىر ۋاق تاماق يېگۈم بار. ئۆتۈنۈپ قالاي، ماقۇل دەڭ، ۋاقىت بىلەن ئورۇننى سىز بېكىتىڭ. ئۇنداق بولمايدىكەن ئۆيىڭىزگە ئىزدەپ بارىمەن.

— —ماقۇل، مەن ياخشىراق ئۆيلىنىپ ئاندىن سىزگە تېلېفون قىلاي، شۇڭغىچە ماڭا تېلېفون ئۇرماڭ.

— —گېپىڭىز راستمۇ؟

— —راست، ماڭا ئىشىنىڭ، مۇۋاپىق ۋاقىتتا سىزگە تېلېفون قىلىمەن.

— —ئەمىسە خەۋىرىڭىزنى كۈتىمەن.

ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتكەندە مېھرىبان ئوسمانغا كۆرۈشىدىغان ئورۇننى دەپ تېلېفون قىلدى.

ئۇلار بىر رېستوراننىڭ ئايرىمخانىسىدا ئۇچراشتى.

— —مېنى قورقۇتۇپ ئۇن - تىنسىزلا كېتىپ قاپسىزغۇ؟ — — دېدى ئوسمان.

— —سىزگە قاراشتىن ئۇيالدىم.

— —نېمىشقا ئەمدى؟

— —ئالدىڭىزدا مە ست بولۇپ قالغىنىمنى ئويلاپ يۈزىڭىزگە قارا شقا پېتىنالمىدىم، بولمىغۇر گەپ - سۆزلەرنى دەپسالغان بولماي دەپ ئۆز - ئۆزۈمدىن خىجىل بولۇپ...

— —شۇنداق قىلىپ مەن ئويغانغىچە كېتىپ قالدىم دەڭ، مۇشۇ كۈندىمۇ سىزدەك ساددا، يۈزى تۆۋەن ئاياللار بار ئىكەن دېسە. سىزگە راستتىنلا ھەيران قېلىۋاتىمەن، قارىسا شۇنداق مودا، چىرايلىق يۈرۈيدىكەنسىز، ئەمەلىيەتتە پەقەت ئىش كۆرمىگەنكەنسىز.

— —ئاپام دائىم كونىلار »ئاناڭنى داداڭغا پەردازسىز كۆرسەتمە« دەپتىكەن، ئايال كىشى دېگەن چىرايلىق يۈرۈشى لازىم، دەيتتى.

— —ۋاي - ۋۇي... ئاپىڭىزنىڭ سىزنىقدىن چىقالمامسىز نېمە؟

— —ئاپىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلاش خاتا ئەمەستۇ؟

— —ياق، ئۇنداق دېمەكچى ئەمەسمەن، قاراڭ مېھرىبان، نەق گەپنى قىلسام، سىزنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم، سىز بىلەن توي قىلغۇم بار، — — دېدى ئوسمان ھېچبىر ھودۇقماستىن.

— —نېمە؟ ساراڭ بولدىڭىزمۇ؟ مېنىڭ ئېرىم، سىزنىڭ خوتۇنىڭىز، بالىڭىز بار تۇرسا.

— —بىلىمەن، بىراق ماڭا ئامال يوق.

— —مېنى ئاشنام بولۇڭ دېمەيدىغانسىز؟

— —ياق، رە سمىي يو سۇندا، قانۇنلۇق ئەر - خوتۇن بولساق دەيدىغان خيالىم بار. سىزچۇ؟ ماڭا قانداق قاراشتا؟

— مەنمۇ سىزنى ياقتۇرۇپ قالغان، بىراق بىز ئەمدىلا تونۇشقان تۇرساق، بىر - بىرىمىزنىمۇ تولۇق چۈشىنىشمىسەك؟ يەنە كېلىپ بۇ ئىش خېلى تەسكە توختارمىكىن. باشقىلارمۇ مېنى ھەر نېمە دەپ قارغىشىپ كېتىشى مۇمكىن، مۇشۇلارنى ئويلىسام ھېلىتىنلا بەدىنىمگە تىترەك ئولىشىپ كېتىۋاتىدۇ. مەندە ئۇنچىلىك جۈرئەتمۇ يوق.

— مەن ئايالىم بىلەن ئاجرىشىمەن، سىزمۇ ئاجرىشىڭ.

— بۇ مۇمكىن بولارمۇ؟

— مۇمكىن بولمايدىغان نېمىسى بار، قارىسام سىزمۇ ئېرىڭىزنى چىن دىلىڭىزدىن ياخشى كۆرمەيدىكەنسىز، مەنمۇ ئۆيدىكى كۆرۈمسىز خوتۇندىن جاق تويدۇم، ئەگەر سىزلا ماقۇل دېسىڭىز بىر ھەپتىگىچە ئىشنى پۈتكۈزىمەن. ماڭا يەر، ئۆي - پۆي دېگەنلەرنىڭ لازىمى يوق، تۆلەم بەرسەممۇ مەيلى، بازارنىڭ ئاۋات يېرىدە خېلى ئوبدان ئاشخانام بار، شۇ قالسىلا بولىدى. قانداق، سىزچۇ؟ ئۇ تۇغماس ئەردىن كېچەلەمسىز؟

* * *

ئوسماننىڭ ئايالىدىن ئاجراشماقچى بولغانلىقىنى ئاڭلىغان ئەل - ئاغىنىلىرى ئۇنىڭغا تۇشمۇتۇشتىن نەسىھەت قىلدى:

— ساراڭ بوپسەن، ئايالىڭنىڭ كەمدىن نەرى كەم؟

— ئوغلۇڭ چوڭ بولۇپ قالدى، ئۇلارنىڭ ئۇۋالىغا قالمىغىن يەنە...

— ماڭا گەپ قىلغىنىڭلار بىكار، سىلەر «بىر كۆرۈپ كۆيۈپ قېلىش» دېگەننى بىلەمسىلەر؟ مەنچۇ، مېھرباننى تۇنجى قېتىم كۆرۈپلا ئاشىق بىقارار بولغانمەن، ئۇنى ئالمىسام زادى بولمايدۇ، — دېدى ئوسمان ئۇلارنىڭ نەسىھىتىگە قۇلاق سالماي.

— خوتۇن - بالىلىرىڭ كۆزۈڭگە كۆرۈنمەمدۇ؟

— ياق، كۆزۈمگە ھېچنېمە كۆرۈنمەيدۇ. ئاشۇ بولۇمسىز خوتۇن بىلەن شۇنچە يىل بىللە ئۆتۈپ زايا بولغان ئۆمرۈمگە يىغلىغۇم كېلىۋاتىدۇ.

— ھوي... بايقاپ سۆزلەيلى ئاداش، شۇ خوتۇنىنىمچۇ، ئۆز ۋاقتىدا سىلى ئىشىكىدە يېتىۋېلىپ، ئالدىدا تىزلىنىپ، يىغلاپ تۇرۇپ ئالغان، ئەمدى ئۇنتۇپ قالدۇقما؟

— ئۇ چاغدا نادانىكەنمەن...

ئارىدىن بىر ئاي ئۆتكەندە ئوسمان بىلەن مېھربان ئەل - جامائەتنى چاقىرىپ توي مەرىكىسىنى ئۆتكۈزدى.

— ئوسمانجان، جېنىم، تامىقىڭىزنى يەۋېلىڭ، ئوسمانجان، ماۋۇ پۇت لۆڭگىڭىز، ماۋۇ قول لۆڭگىڭىز، ئارىلاشتۇرۇپ قويماڭ - ھە؟ ماۋۇ يىرتىق پايپاقنى تاشلىۋېتەيلى. ئوسمانجان، كىيىمىڭىزنى ئالماشتۇرۇڭ، ئوسمانجان... ئوسمانجان...

ئوسمان ئۆز ئىسمىنىڭ بۇنچە چىرايلىق ئىكەنلىكىگە ئەزەلدىن دىققەت قىلىپ باقمىغان ئىدى. ئوسمانجان! نېمانچە چىرايلىق ئىسىم بۇ. ئوسمان بۇ ئوڭۇمۇ، چۈشۈمۇ دەپ بەخت ئىچىدە مەستخۇش ئىدى. بۇ راستىنلا چۈش بولغان ھالەتتىمۇ، ئۇ بۇ چۈشنى 100 يىل ئەمەس، 1000 يىل داۋاملاشتۇرۇشقا رازى ئىدى.

تويدىن كېيىن ئوسمان ئائىلىسىنىڭ ئومۇمىي ئىشلىرىغا، مېھرىبان پۇل يىغىشقا مەسئۇل بولدى. بۇ ئائىلىنىڭ ئەتراپىتا خېلى داڭقى بار بولۇپ، سودىسىمۇ ياخشى ئىدى. مېھرىبان ئۆزىنى ياساشقا ئەھمىيەت بېرىپلا قالماي، ئوسمانىنىمۇ ئۇستىبېشىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدىغان قىلىۋەتتى.

— —ئوسمان، ئىككىنچى خوتۇن قانداق بولىدىكەن؟ — — دېدى ئاغىنىلىرىدىن بىرى.

— —نېمە دېسەم بولار، تازىلىق، يۇرۇش - تۇرۇش، ئۆي تۇتۇش، مىجەز - خۇلقتىن تارتىپ ھەممىسى نۇقسانسىز، قىسقىسى خوتۇن بولا مېنىڭكىدەك بولار دەيمەنغۇ!

— —ئۇنداقتا بىزمۇ قاراپ تۇرماي خوتۇنلىرىمىزنى ئەتىلا تالاق قىلىۋېتىپ قايتىدىن ئۆيلىنەمدۇق - يا؟ — — دېدى ئارىدا بىرى.

— —ھەي ئوسمان، مېھرىبانغا دېگىنە، مۇشۇ يەردىكى ھەممىمىزگە ئۆزىدەك چىرايلىق ھەم دىتى بار خوتۇن تېپىپ بەرسۇن.

— —مەن ساناپ باقاي، خوتۇنىدىن ئاجرىشىپ قايتا توي قىلىدىغانلار قولۇڭلارنى كۆتۈرۈڭلار، غەنى، ياقۇپ، رازاق...

بىر كۈنى ئوسماننى ئوغلى ئىزدەپ كەلدى. مېھرىبان گەرچە خالاپ كەتمىسىمۇ، ئەمما ئوسماننىڭ خاپا بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئېرىشاتقا ناھايىتى قىزغىن مۇئامىلە قىلدى. بىراق بالا ئۇنىڭغا نەپرەت بىلەن ھومىيىپ قاپىقىنى ئاچمىدى. ئاتا - بالا خالىي ئۆيگە كىرىپ يېرىم سائەتلەردىن كېيىن چىقتى - دە، ئوسمان ئوغلىغا گۆشلۈك لەگمەندىن بىر تەخسە يېگۈزۈپ يولغا سالدى.

ئو سمان تويدىن كېيىن ئۇزاق ئۆتمەيلا بانكا كارتىلىرىنىڭ ھەمم ىسىنى مېھرىبانغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەنىدى. خوتۇن ك ىشىنى پۇلدىن ق ىسىپ قوي ىسا يولدىن چىقىپ كېتىدۇ، بىراق مېھرىبان ئۇنداق شاللاق خوتۇنلاردىن ئەمەس. پۇل ئىشىدا راستچىل بولاي، ئۇ مېنىڭ ئۆزىنى نەقەدەر ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى بىلىپ قالسۇن دەپ ئويلايتتى ئوسمان. شۇ كۈنلەردە ئېرىشاتمۇ ئائىلىسىغا پات - پات كېلىدىغان بولۇپ قالدى.

— —ئوغلۇم، ئەتە چۈ شتىمۇ كەلگىن، ماقۇلمۇ؟ سېنى ساقلايمەن، — — دەيتتى ئو سمان ئوغلىنى ھەر قېتىم ئۇزاتقىنىدا.

ئەتىسى چۈشتە ئېرىشات خاپا ھالدا كەلدى، ئۇ ئادەتتە مېھرىبانغا قاراپمۇ قويمايتتى، خۇددى بۇ يەردە ئۇنىڭدەك بىرى مەۋجۇت ئەمەستەك.

— —ئوغلۇم، كەلدىڭمۇ، نېمە يېگۈڭ بار؟ ئۇستامىلار ئېتىپ بەرسۇن، — — دېدى ئوسمان.

— —مېنىڭ زەھەر يېگۈم كېلىۋاتىدۇ، — — ئۇ شۇنداق دەپلا تاراملاپ ياش تۆكۈپ يىغلاشقا باشلىدى .

— —ۋۇي، نېمە بولدى ساڭا؟ قايسى گۆينىڭ بالىسى خاپا قىلدى؟ ماڭا دېگىنە، مېڭىسىنى چۇۋۇۋېتىمەن.

— —مېنى خاپا قىلغان باشقا بىرى ئەمەس، دەل سەن، — — دېدى ئېرشات، تاماق يەۋاتقان مېھمانلار ئۇلارغا بويىنىنى سوزۇپ قاراشقا باشلىدى. بۇ ئىشلارنى كۆرۈپ تۇرغان مېھرىبان ئوسمانغا:

— —ئارقا ھويلىغا چىقىپ سۆزلىشەمسىلەر، — — دېدى ئاستاغىنە.

— —ماڭا گەپ قىلغۇچى بولما، — —ئېرشات شۇنداق دەپ، مېھرىبانغا قولىنى شىلتىدى.

— —ۋۇي، ساراڭ بولدۇڭمۇ؟ گەپ قىلمىسام قارا ماۋۇ گۆينىڭ ئەۋزەيلەپ كەتكىنىنى، بۇ دېگەن سىنىڭ ئاپاڭ، ئەدەپلىكرەك بول، — — دېدى ئوسمان ھەيۋە قىلىپ.

— —تۇفى، ئۇ مېنىڭ ئاپام ئەمەس، ئۇ دېگەن تۈلكە جىن، سەن مۇشۇ بىر نېمىدىن قورقۇپ ئاپامنىمۇ يوقلاپ قويمىدىڭغۇ؟ ئەجابا ئۇ سىنىڭ بىرەر قېتىم كۆرۈپ كېلىشىڭگىمۇ ئەرزىمەمدا؟ دوختۇرلار ئاپامنى دەرھال ئۆرۈمچىگە يۆتكىمىسەڭلار ھاياتىغا خەۋپ يېتىدۇ دەيدۇ، ناۋادا ئاپام بىرەر كېلىشمەسلىككە ئۇچرايدىغان بولسا، ئاشخاناڭغا، ماۋۇ قانجۇق بىلەن تۇتقان ئۆيۈڭگە ئوت قويۇپ كۈلىنى كۆككە سورۇۋېتىمەن...

چاڭگىدە تەگكەن شاپىلاقتىن يەرگە يىقىلىپ چۈشكەن ئېرشات ئاستا ئورنىدىن تۇردى، كۆزىدىن ئاققان ئاچچىق ياشلىرى بىلەن بۇرنىدىن ئېتىلىپ چىققان قىپقىزىل قان ئۇنىڭ كىيىملىرىنىڭ ئالدىنى بويىۋەتتى.

— —ساراڭمۇ، ئوڭمۇ ماۋۇ ئاداش، كىچىككىنە بالىنى شۇنداقمۇ ئۇرغان بارمۇ!

— —توۋا قىلدىم، خۇدايىم توۋا، بۇ ئاشخانىغا نېمە دەپ كىرگەن بولغىيتتىم.

— —يېگەن تاماق ئوغا بولدىغۇ... — — دېيىشتى خېرىدارلار.

— —جۆرە بالام، بۇ ھايۋانغا گەپ قىلىپ ئاغزىڭنى ئۇپراتما، — — دېگىنىچە بىر مېھمان تامىقىنى تاشلاپ ئېرشاتنىڭ كۆز ياشلىرىنى سۈرتكەچ قولىدىن يېتىلەپ ماڭدى.

ئوسمان ئوغلى كەتكەندىن كېيىن، ئاشپەز بالىلارنىڭ ياتىقىغا كىرىپ خېلى ۋاقىتقىچە چىقمىدى، ئۇ تاكى مۇشۇ كەمگىچە ئوغلىغا قول تەگكۈزۈپ باقمىغانىدى. مەن نېمە قىلدىم؟ ئۇ ئۆز - ئۆزىگە شۇنداق دەپ قوللىرىغا بىر نەچچە رەت قارىدى. پۇشايمان ئوتلىرىدا ئۆرتەندى، ئوغلىنىڭ يىغلاپ تۇرغان سىماسى كۆز ئالدىدىن نېرى بولمىدى، ئۇ شۇندىلا كارتىلىرىنى مېھرىبانغا بېرىۋەتكىنىگە پۇشايمان قىلدى، ئەگەر ئۇنداق بولمىغىنىدا، ئىنىس - جىنىغا تۇيدۇرماي نەچچە مىڭ يۈەننى بۇرۇنقى ئايالى رابىيگۈلگە ئاپىرىپ بېرەلەيتتى. ئۇ چاغدا بۇگۈنكىدەك جېدەلمۇ چىقمىغان بولاتتى. دېمىسىمۇ ئون نەچچە يىل ئۆي تۇتقان ئايالى، ئوغلىنىڭ ئاپىسى تۇرسا، مۇشۇنداق قىيىن كۈنگە قالغاندا قول قوۋۇشتۇرۇپ قاراپ تۇرسا ئادەمگەرچىلىككىمۇ يارىمىغان بولمامدۇ، ھە... ي... قانداق قىلىش كېرەك. يا بىرەر ئاغىنەمدىن قەرز ئېلىپ تۇرايمۇ؟ دەپ ئويلىدى ئۇ.

مېھرىبان بىر نەچچە قېتىم ئىشىك تۈۋىگە كەلگەن بولسىمۇ كىرىشكە جۈرئەت قىلالماي، كەچ كىرىپ ئەل ئايىغى بېسىققاندىلا، بىر چىنە چاينى پەتنۇسقا سېلىپ ئىشىكنى يېنىك چېكىپ قويۇپ سەل قورقۇمسىراپ كىرىپ دېدى:

ــــ چاي ئىچىڭ، بالىغا خاپا بولماڭ، دېمىسىمۇ رابىيگۇل ئاچامنى يوقلاپ قويمىغىنىڭىز ئوبدان بولماپتۇ.

ــــ رابىيەنى يوقلاپ بارسام خاپا بولمامسىز؟ ــــ دېدى ئوسمان ھەيرانلىق بىلەن.

ــــ نېمىشقا خاپا بولىمەن، شۇنچە يىل ئۆي تۇتقان ئايالىڭىز تۇرسا، يەنە كېلىپ ئاراڭلاردا بالا بار. شۇ ھالدا ئۇلار بىلەن تېزىشــــپ كەتكىلى بولاتتىمۇ! مېنىڭچە بولغاندا ئەتىلا بېرىڭ، نەچچە كۈندىن بۇيان ئالدىراش بولۇپ كېتىپ بانكىغا سېلىشــقا ئۈلگۈرەلمىگەن 2000 يۈەندەك پۇل بارمىكىن، ئاز كۆرســـڭىز ئەتە سەھەردە بانكىدىن يەنە ئەپچىقىپ بېرەي.

ــــ رەھمەت سىزگە جېنىم خوتۇن، مەن سىزنىڭ بۇنچىلىك ئالىيجانابلىقىڭىزنى بىلمەپتىمەن، ئېرشات نەچچە كۈننىڭ ئالدىدىلا ئاپىسىنىڭ ياتاقتا كىرىپ قالغانلىقىنى ئېيتقان، بىراق مەن سىزگە بۇ توغرىدا گەپ قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىغاندىم، سىزنى بەكلا ياخشى كۆرگەچكە خاپا قىلىپ قويۇشتىن ئەنسىرەپتىمەن.

ــــ قارىڭە سىزنى، ماڭا ئىشەنمەمسىز؟

ئوسمان مېھرىباننىڭ قولىدىن تارتىپ يېنىغا ئولتۇرغۇزدى.

ــــ بىرەرسى كىرىپ قالسا سەت بولىدۇ، تۇرۇڭ، ئۆيگە كېتەيلى، ــــ دېدى مېھرىبان.

ئارىدىن نەچچە كۈن ئۆتۈپ ئوسمان ناھايىتى جىددىي مېھرىبانغا مۇنداق دېدى:

ــــ رابىيەنى ئۆيىدىكىلەر دوختۇرخانىغا ئەپچىقىپ كەتكەنغۇ؟

ــــ ھەئە، خەۋىرىم بار.

ــــ بايا ئېرشـــــات تېلېفون قىپتۇ، ئۇلار ئەپچىققان پۇل يەتمەي، رابىيەنىڭ ئاكىســـــى يەنە پۇل ئالغىلى كەپتۇدەك، ئالدىنقى قېتىمدىمۇ 20 مىڭ يۈەن ئېلىپ ماڭغاندەك قىلىۋاتاتتى. كېســـەل دېگەننىڭغۇ بىر نېمە دەپ بولمايدىكەن. بالىياتقۇ راكى ئىكەن دەمدۇ نېمە، بىراق باشـــلىنىشـــى بولغاچقا ئانچە خەتەرلىك ئەمەســـەتك قىلىدۇ، خوتۇن، ئېر شاتنىڭ يۈزىنى قىلىپ بولسىمۇ بانكىدىكى پۇلدىن 10 مىڭ يۈەن بېرەمدۇق - يا؟ ئامال بار ساقىيىپ قالسۇن، بالىنى بېقىۋاتىدۇ ئەمەسمۇ!

ــــ ۋۇي، ئۇ يالغۇز سىزنىڭلا بالىڭىز ئەمەسقۇ؟ ــــ دېدى مېھرىبان خاپا بولۇپ.

ــــ ئۇنغۇ شـــۇنداق، مۇشـــۇ بىر قېتىم يۈزۈمنى قىلىڭ، بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ نېمە بولۇشـــى بىلەن پەرۋايىم پەلەك.

ــــ ئۇنداق ئەمەستۇ؟ كىم بىلىدۇ، ئەتە - ئۆگۈن يەنە نېمە ئىشلار چىقىدۇ، ھەي، مەن بىلەن توي قىلىپ پۇشايمان يەپ قالغان بولسىڭىز گەپنى ئوچۇق قىلىڭ، تولا ئادەمنى ئەخمەق قىلماي.

ــــ نېمىلەرنى دەيدىغانسىز، سىز دېگەن مېنىڭ بارلىقىم، ھاياتىم.

ــــ بولدى ! ياغلىما گەپلىرىڭىزنى قويۇڭ، مەن ئويلىنىپ باقاي .

مېھرىبان بۇ قېتىم قاتتىق ئۈمىدسىزلەندى، ئۇ كۆڭلى يېرىم بولۇپ، مەقسەتسىز كوچىغا چىقتى. »بۇرۇنقى سادىدا، ئاق كۆڭۈل« يولدىشى، ئۇرۇمچىدىكى ئالىمجان، تاكسى شوپۇرلىرى بىر - بىرلەپ كۆز ئالدىغا كەلدى - دە، دوستى زەمرەگە تېلېفون قىلدى.

- 6 ـــ ئاينىڭ پاقسىدەك يوقاپ كەتتىڭىزغۇ، تۇرمۇشىڭىز بەك كۆڭۈللۈك بولغاچقا، بىزلەرنى ئۇنتۇپ قالدىمىكىن دەپتىمەن، ـــ دېدى زەمرە سەل خاپا بولۇپ.

ـــ كەيپىياتىم تازا ياخشى ئەمەس.

ـــ نېمە بولدى؟ ئوسمان خاپا قىلىپ قويدىمۇ؟

ـــ ئەمدى بولسىمۇ كۆڭلۈمدىكى ئادەمنى تاپتىم دەپ باشقىلاردىن مۇناسىۋىتىمنى ئۈزگەنىدىم، ئەسلى ئوسمان بىلەن مەڭگۈ بىللە ئۆتۈش خىيالىم بار ئىدى. قارىغاندا چوتنى خاتا سوققان ئوخشايمەن. يېقىندىن بۇيان بۇرۇنقى خوتۇنى بىلەن ئوغلى ھېلى ئۇنى، ھېلى بۇنى دەپ كۆڭلۈمنى پاراكەندە قىلىپ كېتىۋاتىدۇ. يامىنىغا ئالاي دېسەم، ئۇنى خاپا قىلىپ قويۇپ ھەممىدىن قۇرۇق قالماي دەپ ئەنسىرەيمەن، ھەممىگە ماقۇل دېيىشكە تېخى چىدىمايمەن، ئۇلارنىڭ جېدەللى بىر نەچچە قېتىملىق بولسا مەيلىتتى. بىراق داۋاملىق مۇشۇنداق بولۇۋەرسە مېنى تىرىكتۇرۇپ ئۆلتۈرمەمدۇ، ئەجەب يامان خوتۇنكەن دېسە. ئۆزى يىراقتا تۇرۇۋېلىپ ئوغلىنىڭ تىلى بىلەن ئىش تېرىۋاتىدۇ.

ـــ نېمە دەيدىغانسىز؟ بولمىسا ئۇنداق قىينىلىپ يۈرگىچە ئاجرىشىپلا كېتىڭا؟ ئوسمان تېپىلماسنىڭ خورمىسى بولمىغاندىكىن .

ـــ ئۇنىمۇ ئويلىغان، لېكىن بۇنداقلا ئاجرىشىپ كەتسەم زىيان تارتىپ قالامدىمەن؟ قېنى، يەنە بىر مەزگىل قاراپ باقاي. ئىشقىلىپ ئىككى خىل پىلان تۈزۈپ قويدۇم.

ـــ قانداق پىلان ئۇ؟

ـــ ھازىر دېيىشكە سەل بالدۇرلۇق قىلىدۇ.

ـــ ماقۇل دوستۇم، ئېھتىيات بىلەن ئىش قىلارسىز.

ـــ ئىش بولسا يەنە تېلېفون قىلىمەن، سىز بىلەن مۇڭدىشىۋېلىپ خېلى يېنىكلەپ قالدىم.

* * *

ـــ جېنىم خوتۇن، ئۇزاقتىن بۇيان، مۇشۇ ئەتراپتىكىلەرنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىرىۋەتكۈدەك بىر رېستوران ئېچىش خىيالىم بار ئىدى. بىراق »بەڭگىنىڭ خىيالى« بولۇپ قالمىسۇن دەپ ئېغىزدىن چىقارمىغانىدىم. ئاڭلىشىمچە مەركىزىي بازارنىڭ يېنىدىكى يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ بېغىنى ساتىدىكەن، بولسىمۇ شۇ ئاشخانىنى 510 مىڭ يۈەنگە سېتىپ، قالغان قىسمىغا بانكىدىكى 70 مىڭ يۈەننى قوشۇپ، كەملىگەن يېرىگە بانكىدىكى ئاغىنىلەر ئارقىلىق تۆۋەن ئۆسۈملۈك قەرز ئالساق بۇ ئىشمۇ پۈتىدىغاندەك قىلىدۇ، ـــ دېدى ئوسمان بىر كۈنى تۇيۇقسىزلا.

ــــ بولىدۇ، مەن سىزنى قوللايمەن، ــــ دېدى مېھرىبان قىزغىنلىق بىلەن.

ئارىدىن نەچچە كۈن ئۆتە ـ ئۆتمەيلا ئاشخانىغا خېرىدار چىققىلى تۇردى.

ــــ ئوسمانجان، ھېلىقى يەرنى ئالدىغان ئىشىڭىز قانداق بولۇپ كەتتى؟ ئاشخانىنى ساتىدىغان ئىشنى كىملەرگە ئېيتقان بولغىيتتىڭىزكىن، بىر نەچچەيلەن كىرىپ سۈرۈشتۈرۈپ چىقىپ كەتتى، زادى قانداق قىلىمىز؟

ــــ ئەڭ ئاز بولغاندىمۇ 510 مىڭ يۈەن بولىدۇ، يەنە بىر مەزگىل قاراپ بېقىپ، كىم ئەڭ يۇقىرى باھا قويسا شۇنىڭغا ئۆتكۈزۈپ بەرمەيمىزمۇ، يەرگە كەلسەك، ئۇنىڭ رەسمىيتىنى بېجىرىدىغان كىشى ئىچكىرىگە كېتىپتۇدەك. شۇڭا بۇ ئىشنى دەرھال بېجىرەلمىگۇدەكمىز.

شۇ كۈنلەردە ئوسماننىڭ سەل ئايىغى چىقىپ قالغاندەك قىلىۋاتاتتى. بۇ ھال مېھرىباننىڭ دىققىتىنى تارتقان بولسىمۇ پەرۋا قىلمىغان قىياپەتكە كىرىۋالدى. ھېلىقى كېسەل كۆرپىسىنى قايتىپ كەپتۇ دەۋاتقان، مېنىڭدىن يوشۇرۇنچە ئۇنى يوقلاپ بېرىۋاتامدۇ، نېمە؟ دېگەنلەرنى ئويلىدى ئۇ.

ــــ ئاغىنىلەر ئابلىمىتنىڭ ئۆيىدە قارتا ئويناشىۋېتىپتۇ، مەنمۇ شۇ يەرگە بېرىپ كېلەي، ــــ دېدى ئوسمان بىر كۈنى كەچلىك چايدىن كېيىن.

ــــ بەك ھايال بولماڭ، مەن ئۇنداق قاچانلا كەلسە كەلمەمدۇ، دەپ ئۇيقۇمنى ئۇخلاۋېرىدىغان خىرامان ئايالىلارغا ئوخشىمايمەن، سىز كەلمىگىچە كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلمەيدۇ، ــــ دېدى مېھرىبان ئۇنىڭغا ئەركىلەپ.

ــــ بولىدۇ، مەنمۇ سىزنى بىردەم كۆرمىسەم چىدىمايمەن، بۇنى بىلىسىزغۇ؟

ئوسمان چىقىپ كېتىپ 20 مىنۇتلار ئۆتكەندىن كېيىن، مېھرىبان ئابلىمىتنىڭ ئۆيىگە تېلېفون قىلدى. تېلېفوننى ئابلىمىتنىڭ ئايالى رازىيە ئالدى. بىر مۇنچە ئەھۋال سوراشقاندىن كېيىن مېھرىبان ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن گەپ باشلىدى:

ــــ ئۇزاق بوپتۇ كۆرۈشمىگىلى، شۇڭا سىزدىن ئەھۋال سوراپ تېلېفون قىلدىم، بىر كۈنى باللارنى ئېلىپ مېھمان بولۇپ كېتىڭە، ئابلىمىتجۇ، ئۆيدىمۇ؟

ــــ ئۇ خېلى بولدى، چوڭ ئۆيدىكىلەرنى يوقلاپ كېلەي دەپ چىقىپ كەتكەن، بولمىسا سىز بىرنىڭگە كېلىڭە.

ــــ بولدى، باشقا كۈنى باراي، ماقۇل ئەمىسە، ئالاقىلىشىپ تۇرايلى، خوش، ــــ مېھرىبان شۇنداق دەپ تېلېفوننى قويۇۋەتتى.

دېمەك، ئوسمان ئۇنىڭغا يالغان ئېيتقاندى.

مېھرىبان ھويلىنىڭ ئىشىكىنى قىيا ئوچۇق قويۇپ، ئوسماننىڭ بۇرۇنقى ئايالى رابىيەنىڭ ئۆيى تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى. ئۇ رابىيەنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختاپ، ئەتراپقا بىر قۇر قارىۋەتكەندىن كېيىن ئوچۇق تۇرغان ئىشىكتىن بويىنىنى سوزۇپ ئىچىگە قارىدى. ھويلىدا ئادەم يوق بولۇپ، چىراغ يېنىقلىق، ئۆي تەرەپتىن گۇدۇڭ

ـ گۇدۇك ئاۋازلار ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئىراق مېھرىبان بۇ تېلېۋىزورنىڭ ئاۋازىمۇ ياكى ئادەملەرنىڭمۇ تازا پەرق ئېتەلمىدى، شۇ تاپتا ئۇنىڭ دېرىزە تۈۋىگە بېرىپ ئۆي ئىچىگە قاراپ باققۇسى بولسىمۇ، ئىراق پېتىنالماي، يا قايتىپ كەتكۈسى كەلمەي ئاخىر ئۆيىنىڭ ئەتراپىدىكى يوغان بىر تۈپ ئۆجمە دەرىخىنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ ئولتۇردى. ئۇ كۆڭلىدە ئوسماننىڭ بۇ يەردە بولماسلىقىنى ئۈمىد قىلاتتى. كۈتۈلمىگەندە 51مىنۇتلاردىن كېيىن ئاۋۋال ئوسمان، ئاندىن ئىرشات ئۆيدىن چىقىپ كەلدى، مېھرىباننىڭ قەلبىنى رەشك، غەزەپ ـ نەپرەت قاپلىدى.

—ئوغلۇم، ئۆزۈڭمۇ بىلىسەن، ئاپاڭنىڭ سالامەتلىكى ياخشى ئەمەس، تەلتۆكۈس ئەسلىگە كېلىشىگە يەنە خېلى ۋاقىت كېتىدىغان ئوخشايدۇ. شۇڭا ئۇنى خاپا قىلما، بىر ئىشلارغا ھاجەتمەن بولۇپ قالساڭلار ماڭا تېلېفون قىل، بولامدۇ؟ — دېدى ئوسمان.

—بولىدۇ، ئاتا، سەنمۇ يوقاپ كەتمەي بىزنى پات ـ پات ئىزدەپ تۇرغىن، سېنى كۆرگۈم كېلىدىكەن، — ئىرشات ئاتىسىنىڭ بېلىدىن چىڭ قۇچاقلىۋالدى، — سىنى كەتكۈزمەيمەن.

—جېنىم بالام، مېنى كۆرگۈڭ كەلسە ئاشخانىغا بارساڭ بولىدىغۇ.

—مېنىڭ ھېلىقى تۈلكە جىننى كۆرەر كۆزۈم يوق.

—بولدى، بولدى، ئاله ماۋۇ پۇلنى، لازىملىق نەرسىلەرنى سېتىۋالغىن.

ئەتراپ قاراڭغۇ بولغاچقا مېھرىبان ئوسماننىڭ قانچە پۇل بەرگىنىنى بىلەلمىدى.

ئاتا ـ بالا خوشلىشىپ تۇرغاندا مېھرىبان يەنە بىر خالتا يولغا چۇشۇپلا ئۆيى تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇ ھەرقانچە ئىتتىك مېڭىشقا تىرىشسىمۇ، پۇتلىرى ئۆزىگە پەقەت بويسۇنمايۋاتاتتى، بارغانچە ماغدۇرسىزلىنىپ، ھۆركىرەپ يىغلىغۇسى كېلەتتى، شۇ ھالدا مېڭىپ ئۆيىگە كىرگەندە، ئوسمان ئاللىقاچان كېلىپ بولغانىدى.

—ئىشكىلەرنى ئوچۇق قويۇپ نەگە كەتتىڭىز؟ — دېدى ئوسمان پەرۋاسىزلا.

—ئۆزۈم يالغۇز ئولتۇرغۇم كەلمەي، سالقىنداپ كىرەي دەپ ئىشكتىن چىقىشىمغا زەينەپ ئۇچرىشىپ قالدى، ئۆيىگە كىرىپ ئانچە ـ مۇنچە پاراڭلىشايلى دېۋىدى، شۇ يەرگە كىرىپ ئولتۇرغان. كۆڭلۈم تۇيغان چېغى، سىز قايتىپ كەلگەندەكلا بىلىنىپ ئالدىراپ ـ تېنەپ قايتىپ چىقىشىم، ئەجەب بالدۇرلا قايتىپ كەپسىزغۇ؟

—قالغانلار ئويناپ قالدى، مەن سىزگە يالغانچى بولۇپ قالماي دەپ يېنىپ كېلىشىم.

—قەيەردە ئولتۇرغان؟

—سىزگە ئېيتقانغۇ، شۇ ئابلىمىتنىڭ ئۆيىدە.

بۇ كېچە مېھرىبانغا ئۆيقۇ ھارام بولدى، گەرچە ئۇ ئوسماننىڭ ئۆزىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىدىن قىلچە گۇمانلانمىسىمۇ، لېكىن ئىرشاتنىڭ بايا قىلغان گەپلىرى ئۇنىڭ جېنىدىن ئۆتۈپ كەتكەنىدى. ئىرشات دېگەن شۇمبۇيا بولمىغان بولسا، ئۇ كېسەل خوتۇندىن قىلچە قورقۇپ قالمايتتىم، بالىنىڭ باھانىسىدە ئوسمان ماڭا

دەپمۇ، دېمەيمۇ ئۇلارغا دائىم پۇل بېرىدىكەن، قارىغاندا كېسەل كۆرپەسى ئۆزىنى بىچارە كۆرسىتىپ ئوسماننىڭ ھېسداشلىقىنى قولغا كەلتۈرۈۋالغان ئوخشايدۇ، مۇشۇنداق نەچچە كۈندە بىر بېرىپلا تۇرسا، كونا ئوتلار قايتىدىن تۇتىشۇپ، كۆڭلىنى بۆلۈنمەيدۇ دېگىلى بولامدۇ. ئادەم دېگەننى چۈشەنمەك نىمانچە تەستۇ. قانداق قىلاي، مۇشۇنداق ئاچچىق يۇتۇپ ئۆتسەم بولارمۇ ياكى...

* * *

ئارىدىن نەچچە كۈن ئۆتۈپ ئۇلار ئاشخانىنى 710 مىڭ يۈەنگە سېتىۋەتتى، سودىنى كەچقۇرۇن پۈتكۈزگەن بولغاچقا ئوسمان:

——خوتۇن، بۇ پۇلنى ئەتە بانكىغا ئۆز قولىڭىز بىلەن سېلىۋېتىڭ، —— دەپ مېھرىبانغا تۇتقۇزۇپ قويدى.

ئۆمرىدە بۇنچىلىك كۆپ پۇلنى كۆرۈپ باقمىغان مېھرىباننىڭ خۇشاللىقتىن گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى.

——پاھ... پۇل كۆپ بولسا نېمىدېگەن ياخشى. ھەي ئوسمانجان، مەن ھازىر نېمىنى ئويلاۋاتىمەن بىلەمسىز؟ —— دېدى مېھرىبان.

——ياق! بىلمىدىم، قېنى ئېيتىڭە، مەن ئاڭلاپ باقاي.

——مۇشۇ پۇللارنىڭ ھەممىسىنى ئاۋۋال ئۆيگە پۇرقىرىتىپ چېچىۋېتىپ، ئاندىن پۇلنى كۆرپە قىلىپ ياتقۇم كېلىۋاتىدۇ.

——بۇ قانچىلىك ئىشتى، ئەمىسە نېمىگە قاراپ تۇرىمىز، —— ئوسمان شۇنداق دېدى ـ دە، بىر تۇتام پۇلنى چاچتى. بۇنى كۆرگەن مېھرىبانمۇ قاقاقلاپ كۈلگىنىچە ئىككى باغلام پۇلنى قولىغا ئالدى ـ دە، تورۇسقا قارىتىپ ئاتتى.

ئەتىسى سەھەردە ئوسمانغا تېلېفون كېلىۋىدى، ئاستا سىرتقا چىقىپ تۆۋەن ئاۋازدا سۆزلەشكىلى تۇردى. مېھرىبان گەرچە دىققەت قىلمىغاندەك قىلسىمۇ ئېسى ـ يادى ئوسماندا ئىدى. ئارىدىن يېرىم سائەتلەر ئۆتكەندە ئوسمان:

——ئاغىنىلەر بىلەن كۆرۈشۈپ كېلەي، —— دەپ چىقىپ كەتتى. مېھرىبان شۇ ھامان ئۆگزىگە چىقىپ ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ ئوسماننى كۆزەتتى. دەرۋەقە، ئوسمان بۇرۇنقى ئايالى رابىيەنىڭ ئۆيى تەرەپكە كېتىۋاتاتتى. بايىقى تېلېفوننى ئۇرغان شۇلاركەندە. خەپ ئوسمان، ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭ قىلدىڭ. ئەشلىرىڭنى خېلى بىلمەسكە سالسامۇ ئۆزۈڭنى بىلمىدىڭ. مەن سېنى باشقىلار بىلەن ئورتاق ئەر قىلامدىم؟ سېنى ئاشۇ كېسەل كۆرپىسىگە بېشىمدىن ئۆرۈپ ـ چۆرۈپ بېرىۋەتتىم، دېدى ـ دە، زەمرەگە تېلېفون قىلدى.

ـــ دوستۇم، مېنىڭ سەۋر قاچام توشۇپ كەتتى، بۇ قارا قورساقلار مېنى گول كۆرۈپ قالغان ئوخشايدۇ، تەييارلىقلارنى قىلغاچ تۇرۇڭ، بۈگۈن كەچتە ئۈرۈمچىگە ئۇنىمەن، ئەتە، كېچىككەندە ئۆگۈنلۈككە گۇاڭجۇغا قاراپ ئۇچىمىز. ئۇ يەردىكى تونۇشلىرىڭىز بىلەنمۇ ئالاقىلىشىپ قويۇڭ.

مېھرىبان ئاشخانىنى ساتقان **710** مىڭ يۈەن بىلەن بانكا كارتىسىدىكى بارلىق پۇللارنى يىغىشتۇرۇپ ئۈرۈمچىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

## ئېلكىتاب ئىشلىگۈچى: يانغىن ئېلكىتاب گۇرۇپپىسى

## ئېلكىتاب ئىشلەشكە قاتناشقۇچىلار: مۇھەممەد تۇرسۇن بۆجەنى، يانغىن









خەلقىم مۇنبىرىمىز ئاۋازلىق ئەسەر ،ئىشلەش گۇرۇپپىمىز كەڭ مۇنبەرداشلارنىڭ مەنىۋىيىتىنى بېيىتىشنى مەخسەت قىلىپ خوتۇن بولسا شۇنداق بولسا ناملىق ھېكايىنى ئاۋازغا ئېلىپ تورداشلارنىڭ ھوزۇرۇڭلارغا سۇنۇلدى،

**مىكروفون ئالدىدا: مۇھەممەتتۇرسۇن بۆجەنى ،ھەسەن ئاۋۇت ،بەختىيار نىياز، نىسا گۈل سەيدۇللا ھاجىم**

**www.yanghin.cn** **www.yanghin.net**

**admin@yanghin.net** **kitab@yanghin.net**